# 114424 ـ رەجەب ئېيىدا كۆمۈش ئۈزۈك سېلىش توغرىسىدا

## سوئال

ئائىلىمىزدە قىز-ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن كۆمۈش ئۈزۈك بىرىلدى، بۇ ئۈزۈكنىڭ يان ۋە ئاستى تەرەپلىرىدە بەزى ئەرەبچە سانلار بولۇپ، بۇ ئۈزۈكلەر ئاساسەن رەجەب ئېيىغا خاسلاشتۇرۇپ ياسالغان، ئىسلام دىنىدا بۇ شەكىلدە ئۈزۈك سېلىش توغرىمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللارغا ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولغاندەك ئەرلەرگىمۇ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا خەت يازغان ياكى خەت يېزىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىدا، ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئۇلار مۆھۈر بېسىلمىغان خەت-چەكلەرنى ئوقۇمايدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ دەپ خەت ئويۇلغان كۆمۈش ئۈزۈكتىن بىرنى ياساتتى، مەن ئۇ ئۈزۈكنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا پاقىراۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم،» دەيدۇ. [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى 65 –ھەدىس. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى 2092–ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ"ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 4–توم 340–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "توي قىلغان ياكى توي قىلمىغان ئاياللار ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولغاندەك كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن، ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئىمام خەتتابى رەھىمەھۇللاھ: "ئاياللارنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشى ياخشى ئەمەس، چۈنكى كۆمۈش ئۈزۈك سېلىش دېگەن ئەرلەرنىڭ ئالامىتى، ئەگەر ئاياللار ئالتۇن ئۈزۈك تاپالمىسا، كۆمۈش ئۈزۈكنى سېرىق رەڭدە بوياپ ئاندىن سالىدۇ "دەيدۇ. ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يوق بولۇپ، ئەڭ توغرىسى: ئاياللارنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشى چەكلەنمەيدۇ".

ئاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ئەرلەر مەيلى رەھبەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولسۇن ئۇلارنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى، ئەمما ئىلگىرىكى دەۋرىدە بىر قىسىم شام ئالىملىرىنىڭ رەھبەرلەردىن باشقا ئەرلەرنىڭ كۆمۈش ئۈزۈك سېلىشى ياخشى كۆرۈلمەيدۇ دېگەن سۆزى قۇرئان-ھەدىسنىڭ قارىشى،

سەلەپ ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سۆز بولوپ، ئەبدەريي ۋە باشقا ئالىملار بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان".

ئۆزۈك يۆزىگە نەقىش ئويۇش ۋە خەت يېزىش چەكلەنمەيدۇ، لېكىن رەجەب ئېيىغا خاس قىلىش توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭ دىنىدا ھېچ ئاساسى يوق، ئەگەر رەجەب ئېيىدا ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىدى ياكى باشقا مەلۇم مەقسەتلەر بىلەن ئۆزۈك سالغان بولسا خاتا قىلغان ۋە بىدئەت پەيدا قىلغان بولىدۇ.

مۇھىمى ئۆزۈكنىڭ ئۈستىگە پايدا-مەنپەئەتنى جەلىب قىلىدىغان ياكى كۆز تېگىش، ھەسەت ۋە جىندىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلارغا پايدىسى بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەر خىل سۆزلەرنى يازدۇرۇش توغرا بولمايدۇ.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: كۈمۈش ئۆزۈك سېلىش ۋە ئۆزۈك ئۈستىگە نەقىش ئويۇش توغرا بولىدۇ، لېكىن ئۆزۈك سېلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ياكى ئۆزۈكنى مەلۇم ۋاقىتقا خاسلاشتۇرۇپ سېلىش ياكى ئۆزۈكنى تەبەررۈك بىلىش ياكى تۇمارنىڭ ئورنىدا سېلىش چەكلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.